شىنجاڭ ياخشى جاي

# زۇگزا يوپۇرمىقىدىن خۇش ھىد تارالغان كۈنى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتىنىڭ دەل پەيتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز تاڭ كەندۈك

«ئۈستىقۇددۇسنىڭ خۇش ھىدى كىشىنى مەستخۇش قىلىدىكەن، مايتاغ - كۇچا تاشيولىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۇنتۇيالمايمەن.» 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىپارخان ئۈستىقۇددۇس ساياھەت باغچىسىغا كەلگەن ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى پاتىگۈل خىيزىر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز پېنسىيەگە چىقتۇق، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ ئويناپ كەلمەكچى بولۇۋاتىمىز. بۈگۈن ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز دۇەنۇ بايرىمى بولدى».

يول بويىدا مەنزىرىسى گۈزەل چەكسىز يايلاق، ئاسمان-پەلەك قارلىق تاغ شەمشادلىرى، داڭلىق 100 مېتىرلىق قاردىن مۇداپىئەلىنىش كارىدورى بار، بۇ تاشيولدا ئاپتوموبىللىق ماڭسىڭىز، يول بويىدا كۆرۈپ تۈگەتكۈسىز گۈزەل مەنزىرىلەر بار، يەنە مۇز بىلەن ئوتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلالايسىز. دۇەنۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، قاتناش ئەسلىگە كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان مايتاغ - كۇچا تاشيولى ئېنىقكى، شىنجاڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىزىيدىغان ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى لىنىيەسىدۇر.

پاتىگۈلنىڭ قاتناشقىنى «سانجىدىن يولغا چىقىپ، رىياسەتچىگە ئەگىشىپ مايتاغ - كۇچا تاشيولىنى ساياھەت قىلىسىز» ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى پائالىيىتى. ئۇلار 40 نەچچە ئاپتوموبىللىق كىشى بولۇپ، 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سانجى ئۇششاق يېمەكلىكلەر كوچىسىدىن يولغا چىقتى، ئۈرۈمچى، سانجى، قەشقەر، ئاتۇشتىن كەلگەن 200دىن ئارتۇق ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلغۇچى سانجى ئۇششاق يېمەكلىكلەر كوچىسى، ماناس ناھىيەسىدىكى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىنى ساياھەت قىلغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىل ھەيدەپ جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل تاشيول — مايتاغ - كۇچا تاشيولىنى بويلاپ مېڭىپ، جۇئېرما قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى، نارات مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلدى. زۇگزىنىڭ خۇش ھىدى تارالغان چاغدا، يەنە پۈتۈن باغچىنى قاپلىغان ئۈستىقۇددۇسنىڭ خۇش ھىدىنى پۇردى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسىنى تۈگىتىشكە جەمئىي تۆت كۈن كېتىدىكەن. كېيىنكى سەپەردە، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىۋاتقانلار يەنە قازانچى مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتى، كۆرە قەدىمىي شەھىرى، قورغاس، سايرام كۆلى، قۇتۇبى شىنتىيەندى قاتارلىق مەنزىرە رايون(نۇقتا)لارغا بارىدىكەن.

شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەدەنىيەت - ساياھەت پروگراممىسى مەركىزىنىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىسى ئۆمەر روزى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «بۇ جاي ئەڭ جەلپكار» پروگراممىسى گۇرۇپپىسى پۈتۈن جەرياننى ئەگىشىپ سۈرەتكە ئېلىپ بىۋاستە كۆرسىتىپ، توردا ساياھەتكە يېتەكلەش شەكلى ئارقىلىق، يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرە، قىزىقارلىق ئىشلاردىن تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى تەڭ بەھرىلەندۈرۈپ، لىنىيە بويىدىكى جايلارنىڭ ساياھەت بايلىقىنى پۈتۈن تاراتقۇلۇق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق تەشۋىق قىلىپ، تونۇشتۇرۇپ، تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى لىنىيەلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى بازىرىغا ھەقىقىي تۈرتكە بولىمىز.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار زات مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئارقىلىق شىنجاڭ ئىچىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىلەن بولغان ساياھەت يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سانجى ئوبلاستى، مايتاغ، ئىلى، بۇرتالا قاتارلىق جايلارنى ئاساس قىلغان تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ساياھەت يېڭى ئايلانما لىنىيەسىنى كېڭەيتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست ھالقىغان لىنىيە مەھسۇلاتلىرىنى ماسلىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىمىز.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 30دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل، 120دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىللەنگەن «2020 مايتاغ - كۇچا تاشيولى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى 1 - ئۆمىكى، ئىلى تۇققۇزتارانى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ چوڭقۇر ساياھەت قىلىش» ئاپتوموبىل ئەترىتىمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن يولغا چىقىپ مايتاغ - كۇچا تاشيولىدىن ئۆتۈپ، توققۇزتارا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 13 كىلومېتىر كېلىدىغان جايىدىكى دۆلەت 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى ياۋا ياڭاقلىق جىلغىسى مەنزىرە رايونى ۋە جۈرۈق مەنزىرە رايونىغا كەلدى. يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى، ساياھەتچىلەر مەنزىرە رايونىدىكى ياغاچ ئاسما يولنى بويلاپ سەيلە قىلىپ ماڭدى، يول بويى توختىماي سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

شۇ كۈنى كەچتە، گۈلخان توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ كۆلدەنەڭ مەنزىرە رايونىدا لاۋۇلداپ ياندى، كۆپچىلىك گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بىرلىكتە گۈزەل ھەم ئۇنتۇلغۇسىز دۇەنۇ كېچىسىنى ئۆتكۈزدى ھەممە ئەتىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، قىز قوغلاش قاتارلىق مىللىي ئۆرپ - ئادەت پائالىيەتلىرىگە ئىنتىزار بولدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، «ئالتاي مىڭ چاقىرىملىق رەسىم كارىدورى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى»دە 40 ئاپتوموبىل بىلەن 100گە يېقىن ساياھەتچىمۇ دۇەنۇ بايرىمى كۈنى يەتتە كۈنلۈك ئالتاي مىڭ چاقىرىملىق رەسىم كارىدورى «زۇگزا» رىشتىسى سەپىرىنى باشلىغان؛ ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كوپېراتىپلىرى جەمئىيىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئۆي ئاپتوموبىلىدىكى شىنجاڭ» جۇڭلۇلىيەن ئۆتكىچى ساياھەت لىنىيەسى بىلەن تونۇشۇش سەپىرى، مايتاغ چوڭ جىلغىسى ساياھەت لىنىيەسى بىلەن تونۇشۇش سەپىرى پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن.

دۇەنۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، «شىنجاڭنى سۆيۈش. يۇرتنى ساياھەت قىلىش» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالاھىدە ساياھەتنى ھېس قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ بېيىتىپ، «شىنجاڭلىقلارنىڭ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىشى»نى ئالغا سىلجىتتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بازاردىكى مۇشىگۈەن بىيوماسسا يېقىلغۇ شىركىتىنىڭ سېخىدىكى چىراغلار يورۇق بولۇپ، تېخنىك خادىملار كېچىلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ، رېمونت قىلىپ ئاسراۋاتاتتى. بۇ كارخانا شۇ جايدىكى مول شاخ - شۇمبىلار، كېۋەز غولى، دەرەخ شېخى، تاشلاندۇق ياغاچ ماتېرىياللىرىنى بىيوماسسا دانچە پاكىز يېقىلغۇ قىلىپ پىششىقلاپ، ئاساسلىقى شىزاڭغا ساتىدۇ، بۇلتۇرقى سېتىش كىرىمى 18 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 120دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

بويلا كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى لىۇ خۇگىيەن مۇنداق دېدى: يەرلىك كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تۈپ تەدبىرى قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا يېزا - كەنتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان كەسىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەرپا قىلدى، «ھازىر كۈچەيدىغان پەيت، بىزنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىمىز بار».

يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئىشقۇل يېزىسى قوتاندۆك كەنتىنىڭ كېچىسىمۇ ئوخشاشلا «قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن» ئىدى. 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچتە، كەنت كومىتېتى كەنت ئاھالىلىرى كەچلىك مەكتىپىدە، كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار يۇرتداشلارغا بۇ يىل نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، نامرات كەنتلەرنىڭ چېكىنىپ چىقىش تەرتىپى ۋە گۈزەل يېزا - كەنت، ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. كەنت ئاھالىسى ياسىن ياقۇپ مۇنداق دېدى: مەن 2019 - يىلىدىن بۇيان نامرات ئائىلىلەر بەھرىمەن بولىدىغان نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تۈرى ھەممە كەنت ئاممىۋى ئۆل ئەسلىھە تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، «زېھنى ئوچۇق ئادەم»گە ئايلاندىم.

ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئىشقۇل يېزىلىق شىپاخانىدا، ئۆلچەملەشكەن تەكشۈرۈش ئۆيى، دورىخانىنىڭ مۇھىتى رەتلىك، پاكىز بولۇپ، تۈرلۈك داۋالاش - دىياگنوز قويۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق ئىدى. كەنت دوختۇرى ئابدۇرېيىم داۋۇت كەچلىك تاماقنى يەپ بولغان ئىككى بوۋاينىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەۋاتاتتى، بوۋايلارنىڭ قان بېسىمىنىڭ نورماللىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا يېمەك - ئىچمەككە دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى. بۇ شىپاخانا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون مالىيەسىنىڭ 100 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى، ناھىيە دەرىجىلىك بىرىكتۈرۈلگەن 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن قۇرۇلغان، يۇرتداشلار كۈندىلىك تەكشۈرۈش، دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىغا بارمىسىمۇ بولىدىغان بولدى. تېببىي خادىملار يەنە ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تەلىپى بويىچە، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئارىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ساغلاملىق تەربىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئائىلە دوختۇرلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش كارتىسىنى ھەربىر ئائىلە، ھەربىر ئاھالىگە تارقىتىپ بەردى.

قوتاندۆك كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى رېن يۈگىجېڭ مۇنداق دېدى: پۈتۈن كەنت ئەڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا قارىتا، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىشنى يولغا قويدى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئۆلچىمى بويىچە ئاجىز تۈرلەر، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاساسىي داۋالاش، مەجبۇرىيەت مائارىپى، بىخەتەر تۇرالغۇ، بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ، «بەشنى راۋانلاشتۇرۇش، يەتتە بولۇش» ئۆل ئەسلىھەلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئاممىنىڭ ئۆيىگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاممىنىڭ قەلبىگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى.

پات ئارىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش غەلىبىسىنى كۈتۈۋالىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا، نۇرغۇن يېزا - كەنتلەر بۇ يەرگە ئوخشاش كېچىدىمۇ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچكە، تولۇپ تاشقان بەختكە تولدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

# يەر يۈزىدىن، «بۇلۇت»تىن تەڭ كۈچەپ، زەھەرنى رەت قىلىش مۇداپىئە لىنىيەسىنى پۇختا قۇرۇش

## —— ئاپتونوم رايونىمىز زەھەر چەكلەش تەشۋىقات خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن

«ساغلام كىشىلىك ھايات يېشىل، زەھەرسىز.» زەھەر چەكلەش خىزمىتى دۆلەتنىڭ ئامانلىقى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز زەھەر چەكلەش تەشۋىقات پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرگە زەھەرنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە كەڭ ئاممىنىڭ زەھەرنى تونۇش، زەھەردىن مۇداپىئەلىنىش، زەھەرنى رەت قىلىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ زەھەر چەكلەش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، زەھەرنى رەت قىلىش مۇداپىئە لىنىيەسىنى پۇختا قۇردى.

### «شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلىشى» دىققەتنى تارتتى، «فېنسلارنى جەلپ قىلىش كۈچى» كۈچلۈك بولدى

«بىز سىز ئۈچۈن زاكاز قىلغان ئالىي يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت كەلدى، مىڭ گرادۇسلۇق ھەقىقىي ئوتتا تاۋلاپ سوقۇلغان ساپ پولات بىلەزۈكتىن بىرى بار، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چىراغ نۇرى ۋە يېقىملىق BGM بىلەن بىللە، ساقچى ئاپتوموبىلى بىخەتەر ئاپىرىش - ئەكېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، چېچىڭىزنى بىر قېتىم مودا پاسوندا ھەقسىز ياساپ قويىمىز ھەم يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى چوڭ باش سۈرىتىدىن ئۈچنى سوۋغا قىلىمىز، ھەشەمەتلىك يالغۇز كىشىلىك ياتاقتا تۇرىسىز، ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ. لېكىن بىز سىزنى قارشى ئالمايمىز، چۈنكى بىز زەھەر چەكلەش خەلق ساقچىلىرى!»

بۇ، «شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلىشى» دوۋيىن نومۇرىدا 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئېلان قىلىنغان كىچىك سىن بولۇپ، فېنسلار بەس - بەستە سۆز قالدۇردى: «ھۆكۈمەت تەرەپ تورى بارغانسېرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، قالتىس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!» 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تورغا چىقىرىلغاندىن باشلاپ 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە، «شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلىشى» دوۋيىن نومۇرى 234 مىڭ فېنسنى جەلپ قىلغان بولۇپ، ياشلار ئازادىلىك ھېس قىلدۇرىدىغان، يۇمۇرلۇق سىننى كۆرۈش جەريانىدا زەھەر چەكلەش ئىدىيەسى ۋە بىلىملىرىنى قوبۇل قىلغان.

«شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلىشى» ھەرگىزمۇ «يالغۇز» ئەمەس، بۇ بىر يېڭى تاراتقۇ سېپى بولۇپ، دوۋيىن نومۇرىدىن باشقا، يەنە ئوخشاش نامدىكى ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى، مىكرو سىن نومۇرى، سىن نومۇرى، بۈگۈنكى باش خەۋەر نومۇرى، مىكرو بىلوگ قاتارلىقلار بار. ئاپتونوم رايونلۇق زەھەر چەكلەش كومىتېتىغا ئەزا 36 ئورۇننىڭ يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرىمۇ تەشۋىقات كۈچلىرى بولۇپ، ھەرقايسى سۇپىلار بىرلىكتە كۈچەپ، مۇھىم مەزمۇنلارنى ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، «شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلەش يۇغۇرما تاراتقۇسى»نى شەكىللەندۈردى.

««شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلىشى» ئۈندىدار سۇپىسىنىڭ بۇ يىل 3 - ئايدا 300 مىڭدىن ئارتۇق فېنسىسى بار ئىدى، ھازىر 800 مىڭدىن ئېشىپ، بىر ھەسسىدىن ئارتۇق قاتلاندى.» 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى زەھەر چەكلەش باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى دوۋ شياۋبىن مۇنداق دېدى: بۇ يىلقى زەھەر چەكلەش تەشۋىقاتى يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى، گەرچە چوڭ تىپتىكى پائالىيەتلەرنى مەركەزلىك ئېلىپ بارغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن توردىكى تەشۋىقات يوللىرى كېڭەيتىلدى، تەشۋىقات ئاساسىي مەقسىتى ئۆزگەرمىدى، تەشۋىقات سالمىقى كېمەيمىدى، قاپلاش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، تەسىر كۈچى تېخىمۇ زور بولدى.

بۇ يىل 5 - ئايدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق زەھەر چەكلەش كومىتېتى بەش قېتىم توردا زەھەر چەكلەش بىلىملىرى بويىچە مۇكاپاتلىق جاۋاب بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، قاتناشقان ئادەم سانى 2 مىليوندىن ئاشتى، بۇ غايەت زور فېنس ئاساسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

### «ئاممىغا يېقىن» ۋە «قالتىس» بولۇشنىڭ بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كەچتە، دۆربىلجىن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتى ھەرقايسى ساقچى تۈرلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەچلىك بازاردا زەھەر چەكلەش تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىم خەلق ساقچىلىرى مۇزىكا كۈچىدىن پايدىلىنىپ زەھەر چەكلەش ساداسىنى يەتكۈزۈشنى تاللىدى.

خەلق ساقچىلىرى شۇ جايدىكى توردا ئالقىشلانغان ناخشىچىلارنى ھەمدەم بولۇپ زەھەر چەكلەش ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئاممىنى چۆرىدەپ كۆرۈشكە جەلپ قىلدى. خەلق ساقچىلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ زەھەر چەكلەش بىلىملىرى بويىچە ھەمتۈرتكىلىك مۇكاپاتلىق سوئالغا جاۋاب بېرىش، يېڭى تىپتىكى زەھەر مودېلىنى كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى، چۆرىدەپ كۆرۈۋاتقان ئاممىلا ئاكتىپ قاتنىشىپلا قالماي، يەنە سىن، سۈرەتلەرنى تارتىپ دوستلار چەمبىرىكىدە كەڭ تارقىتىپ، يېڭى تەشۋىقات كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

«پەقەت زەھەر چەكلەش تەشۋىقاتىنى ‹ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇش›نى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن زەھەر چەكلەش بىلىملىرىنى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرگىلى بولىدۇ.» دوۋ شياۋبىن مۇنداق دېدى: زەھەر چەكلەش تەشۋىقاتىدا ۋاستە ۋە شەكىلدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش كېرەك، بۇنىڭدىكى مەقسەت «ساغلام كىشىلىك ھايات يېشىل، زەھەرسىز» دېگەن ئىدىيەنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق زەھەر چەكلەش كومىتېتى زەھەر چەكلەش باش تېمىسىدىكى ھۆسنخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت، ئوقۇغۇچىلار قول يازما گېزىتلىرىنى يىغىپ باھالاش، «شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلىشى» كارتون پېرسوناژلىرىنى يىغىش ۋە «شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلىشى ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئەلچىسى» «شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلىشى ئوبراز ئەلچىسى» ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئوبراز تەشۋىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تەشۋىقاتنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈردى، يەنە بىر تۈركۈم زەھەر چەكلەش ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ ئومۇملاشتۇردى.

دوۋ شياۋبىن مۇنداق دېدى: «ئاممىغا يېقىن» تەشۋىقات كەم بولسا بولمايدۇ، «قالتىس» پائالىيەتلەرمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق زەھەر چەكلەش كومىتېتى «ئون ياخشى زەھەر چەكلەش خەلق ساقچىسى» «ئون ياخشى زەھەر چەكلەش خىزمەتچىسى» ۋە «ئەڭ گۈزەل زەھەر چەكلىگۈچى»نى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، زەھەر چەكلەش قەھرىمانلىرىنى مەدھىيەلەش، زەھەر چەكلەش ئىدىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن جەمئىيەت زەھەر چەكلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، قوللايدىغان، قاتنىشىدىغان قويۇق كەيپىيات ياراتتى.

### زەھەرنى توسۇشتا بالىلارنىڭ بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزىدىن پايدىلىنىلدى

يېقىندا ئاقسۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ زەھەر چەكلەش تەشۋىقات - تەربىيەسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «ئېھتىياتچانلىق بىلەن دوست تۇتۇش، ئامانلىقى مۇرەككەپ بولغان سورۇنلارغا كىرمەسلىك، ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئاسانلىقچە گەپ قىلىشماسلىق، ناتونۇش كىشىلەر تەمىنلىگەن تاماكا، ئىچىملىك ھەم يېمەكلىكلەرنى قوبۇل قىلماسلىق...» زەھەرنىڭ خەۋپىنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا، خەلق ساقچىلىرى يەنە ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە زەھەرنى قانداق توسۇش كېرەكلىكىنى سۆزلىدى.

ياشلار، ئۆسمۈرلەر فىزىئولوگىيەلىك، پسىخىكىلىق يېتىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، قىزىقىشى كۈچلۈك بولىدۇ، زەھەرنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكى ۋە زەھەر چېكىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشى كەمچىل، ئاسانلا زەھەرگە، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى زەھەرگە بولغان خاتا قاراشقا پېتىپ قالىدۇ. بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار «زەھەرسىز مەكتەپ»لەرنى پائال بەرپا قىلىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، ئاڭلىق ھالدا زەھەرگە قارشى تۇرۇش ئېڭىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە يېتىلدۈردى.

ھەرقايسى جايلار ياشلار، ئۆسمۈرلەر، بولۇپمۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسىنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش، ئورۇنغا كىرگۈزۈش، ئائىلىگە كىرگۈزۈش، سورۇنغا كىرگۈزۈش، مەھەللىگە كىرگۈزۈش، يېزىلارغا كىرگۈزۈشنى ئالغا سىلجىتتى.

مەكتەپ زەھەر چەكلەش تەشۋىقاتىنىڭ ئاساسىي بازىسى. ئاپتونوم رايونىمىز «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس تېمىلىق تەربىيە پروگراممىسى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىللىقىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىغىچە زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى ئوقۇتۇش پىلانى، پروگراممىسى، دەرس سائىتى، ئوقۇتقۇچىلىرى، دەرسلىكلىرىدىن ئىبارەت «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ خىزمىتى يىللىق پىلانىغا كىرگۈزدى.

«چىڭجياۋ 2 - دەرسخانىسى»نىڭ چوڭقۇر ئەمەلىي قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى بايلىق ئامبىرىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەرقايسى جايلار ئەينى چاغدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تور دەرسىنى ياخشى ئۆتۈش بىلەن بىللە، مائارىپ تارماقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، «چىڭجياۋ 2 - دەرسخانىسى»غا تايىنىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانىدى.

دوۋ شياۋبىن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل ئاپتونوم رايون زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى بازىسى قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىدۇ. «نۆۋەتتە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى بازىسىدىن 97سى قۇرۇلۇپ بولدى، 13ى قۇرۇلۇۋاتىدۇ.» ھەرقايسى جايلار يەنە پەن - تېخنىكا سارىيى، مەدەنىيەت سارىيى، ئۆسمۈرلەر سارىيى قاتارلىق سورۇنلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، زەھەر چەكلەش تەربىيەسى باغچىسى قۇرۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەر، ئوقۇغۇچىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسىنىڭ قاراتمىلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈردى.